# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
24
جۈمە
维吾尔文 5月24日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24705 - سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەم يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەم يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەم يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چىقارغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنىڭ دۆلەت يىرىك پىلان سىستېمىسىدىكى ئۇل خاراكتېرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا قوزغىلىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جياڭشىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقى ھەم ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

**ھەيۋەتلىك جىڭگاڭشەن تېغى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان گەنجياڭ دەرياسى تاغنى تالقان، چۆللىنى بوستان قىلغان ئاشۇ تارىخنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلايدۇ —— بۇ جاي پارتىيەمىز ئەڭ دەسلەپ ئىنقىلابىي تايانچ بازا ئاچقان جاي، بۇ جاي ئون مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر باشلانغان جاي.**

**جياڭشىغا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى يۈكلەنگەن، كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى مىليونلىغان خەلقنىڭ پارتىيەگە بولغان ئىشەنچى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى باغلانغان، يېڭى دەۋردە ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنى قەد كۆتۈرگۈزۈشتەك ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن.**

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **جاڭ شياۋسۇڭ**، خەلق گېزىتى مۇخبىرى **دۇ شاڭزې**

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭشىغا كېلىپ، گەنجوۋدىن نەنچاڭغىچە بېرىپ، كارخانىلار، يېزىلار، ئىنقىلابىي خاتىرە سارايلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بويىچە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلارغا قارىتا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، پات ئارىدا پۈتۈن پارتىيەدە قانات يايدۇرۇلىدىغان «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**■«سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئويلىشىمىز، كونا ئىنقىلابىي رايونلار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك»**

جياڭشى گەنجوۋدىكى يۈدۇ دەرياسى بويىدا، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە مۇنارى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، خۇددى يولغا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغان كېمىنىڭ ئېگىز چىقىرىلغان يەلكىنىگە ئوخشايتتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، تارىخنىڭ ئەكس ساداسىغا قۇلاق سالدى، قىزىل ئەسلىمىلەرنى ئىزدىدى.

خاتىرە مۇنارى ئالدىدىكى مەيدانغا ياتقۇزۇلغان مەرمەر تاشقا جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئۇزۇن سەپەر يول خەرىتىسى ئويۇلغاندى. باش شۇجى ئېڭىشىپ تەپسىلىي كۆرۈپ: «گەنشىيەن بۇ يەردە» «ئاۋۇ شياڭجياڭ دەرياسى» «ماۋۇ تەرەپ بىلەن فۇجيەنگە بارغىلى بولىدۇ»… دېدى.

كۆرسەتمە خەرىتىدە قىزىل، كۆك ئىسترېلكىلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قورشاپ يوقىتىشقا قارشى قانلىق جەڭلەر ۋە ئون مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەردىكى قىيىن ئۆتكەل، ئۇزۇن يوللارنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

1934 - يىلى 10 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت ئورگىنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان 86 مىڭ كىشى يۈدۇغا توپلىنىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، 1936 - يىلى 10 - ئايدا گەنسۇدىكى خۇيىنىڭدا ئۈچ چوڭ ئاساسىي كۈچنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتمە خەرىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ھەم ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىغا يېزىلغان «ئۇزۇن سەپەر روھى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ» دېگەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

خاتىرە مۇنارىنىڭ كەينىدە، يۈدۇ دەرياسى جىمجىت ئېقىپ، قايىنام - تاشقىنلىق ئاشۇ يىللارغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ رېشاتكىغا تايىنىپ يىراققا نەزەر سېلىپ، ئۇزاققىچە سۈكۈتتە تۇردى.

«ئۆكتەبىردە كۆز شاملى سوغۇق، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە قىلدى يىراققا سەپەر. يۇلتۇزلۇق كېچىدە يۈدۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قەدىمىي ساھىل شىنتىيەندە قۇچتى زەپەر.»

يولداش لۇ دىڭيى يازغان بۇ «ئۇزۇن سەپەر ناخشىسى» خاتىرە مۇنارىنىڭ رېشاتكىسىغا ئويۇلغان بولۇپ، ئەينى يىلى قىزىل ئارمىيە كېچىلەپ يۈدۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئىشنى باشلىغان تەسىرلىك مەنزىرە تەسۋىرلەنگەنىدى.

شۇ كېچە، ئاي غۇۋا يورۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى.

مۇشۇ كەتكەنچە، قانچىلىغان ئەزىمەت جەڭگاھتا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزدى.

خاتىرە مۇنارىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايغا، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە سارىيى جايلاشقانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ خاتىرە سارىيغا كىرىپ، ھەربىر تارىخىي سۈرەت، ھەربىر ھۆججەت ۋە ئەمەلىي بۇيۇم، ھەربىر قۇم مودېل ئارقىلىق مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تىللاردا داستان بولغان ئاشۇ قەھرىمانلىق تارىخنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

مەركىزىي قىزىل ئارمىيە يۆتكەلگەندىن كېيىن پارتىزانلىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرغان شەخسلەرنىڭ سۈرىتى ئالدىدا، قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى شيې جىجيەن ساقلىغان ئاشۇ بىر جۈپ چىغ چورۇق ئالدىدا… باش شۇجى شى جىنپىڭ قەدەمىنى توختىتىپ، ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرۇپ، يېنىدىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن پات - پات پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ تارىخنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، خۇتوۋ دەرياسى بويىدىن باۋتاشەن تېغىغىچە، زۇنيى قەدىمىي شەھىرىدىن يەنەن كونا ئىنقىلابىي رايونىغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «قىزىل ئىزى» ھەرقايسى كونا ئىنقىلابىي رايونلارنى قاپلىدى.

تارىخ ئەڭ ياخشى دەرسلىك، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي تارىخى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان مەنىۋى بۇلىقى.

«ھەر قېتىم جىڭگاڭشەن، يەنئەن، شىبەيپو قاتارلىق ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارغا بېرىشىمنىڭ ئۆزى بىر خىل روھىي جەھەتتىكى، ئىدىيە جەھەتتىكى تاۋلىنىش.» باش شۇجى شى جىنپىڭ دائىم مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇلۇغ تارىخنى كۆزىرەك ئەسكە ئېلىپ تۇرساق، قەلبىمىزدە نۇرغۇن ئاكتىپ كۈچ كۆپىيىدۇ».

مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە سارىيىنىڭ 1 - قەۋىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈدۇ ناھىيەسىدىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەۋلادلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى.

جاڭ فۇشىنىڭ دادىسى ۋە دادىسىنىڭ قېرىنداشلىرى بولۇپ سەككىز كىشى قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ، ھەممىسى قۇربان بولغان؛ دۇەن گۈيشيۇنىڭ ئىبرى ۋاڭ جىنچاڭ 1932 - يىلى قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ، 1934 - يىلى قۇربان بولغان؛ لى سەنمېي قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى لى جىنلۇنىڭ قورساقتا قالغان بالىسى…

شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى، تۇرمۇشىدا يەنە قانداق قىيىنچىلىق بارلىقىنى سورىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز سانائىتىدە ئالدىنقى تۆت ئايدا سېلىنمىنىڭ قايتا ئېشىش سۈپىتى ياخشى بولدى

مۇخبىرىمىز **ما يىڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى 2958 سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %3.3 ئېشىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن «يۈرۈشۈشى تەكشى، مۇقىم بولۇش، سېلىنما قايتا ئېشىش، سۈپەت ياخشىلىنىش» ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

سانائەت سېلىنمىسى جەھەتتە، ئون چوڭ نۇقتىلىق ساھە ئىچىدە توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، كۆمۈر، خىمىيە سانائىتى، نېفىت قاتارلىق ئالتە ساھە ئېشىش ھالىتىنى ساقلىغان؛ 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ئىچىدە 11 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ئېشىش ھالىتىنى ساقلىغان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت سېلىنمىسىدا قايتا ئېشىش ھالىتى داۋاملىق ساقلانغان. ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ۋە سانائەت باغچە رايونلىرى تۈر قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن، سانائەت سېلىنمىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %50.3 پوئېنت ئېشىپ، ئۇدا ئۈچ ئاي مۇسبەت ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. ئاپتونوم رايونىنىڭ سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى 50 مۇھىم، زور تۈرگە 2019 - يىلى 36 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بولۇپ، 8 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملانغان. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شۆبە شىركىتى، شاڭخەي داجۇڭ (شىنجاڭ) ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى، جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاساسلىق تىجارەت كىرىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى ھۈنەرنى ياخشىلاش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 198نى يولغا قويغان، مۆلچەردىكى ئومۇمىي سېلىنما 30 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، 6 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملانغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتى كۆپىيىش يۇقىرى پەللە مەزگىلىگە كىردى

### 5 - ئايدا تۆت قۇلۇن تۇغۇلدى

مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يېرىم كېچىدە، شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىدە، بوشقىنا ھاسىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، چىرايلىققىنە بىر چىشى قۇلۇن دۇنياغا كەلدى.

«تۈنۈگۈن تۇغۇلغان قۇلۇننىڭ رەت نومۇرى جۇڭغار 386 نومۇر، تۇغۇلۇپ يېرىم سائەتتىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇردى.» شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ چېن مۇنداق دېدى: «5 - ئايدىن باشلاپ، پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتى كۆپىيىش يۇقىرى پەللە مەزگىلىگە كىردى، بۇ، مۇشۇ ئايدا تۇغۇلغان تۆتىنچى قۇلۇن.

پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتى ھازىر يەر شارىدا بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان ياۋا ئات تۈرى بولۇپ، ئاتنىڭ ئىپتىدائىي گېنىنى ساقلاپ قالغان، ئات تۈرىدىكى ھايۋانلار ئىرسىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاش ھەم ئۆي ئېتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاش ۋە نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىشتىكى قىممەتلىك تۈر، لېكىن كىلىمات ۋە سۇنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىلگىرى نەسلى قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالغان. 1986 - يىلى، ئېلىمىز تۇنجى قېتىم چەتئەلدىن پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتىنىڭ نەسلىنى قايتۇرۇپ كەلگەن ھەم شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، ياۋا ئات تۈر توپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

«بۇ يىل 4 - ئايغا قەدەر، مەركىزدە جەمئىي 111 ياۋا ئات دالىدا كۆپەيدى ھەم ئەي بولدى.» شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ما شىنىڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر قارامايلى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بىلەن مەركىزدە جەمئىي 300دىن ئارتۇق ياۋا ئات بار، دۇنيا بويىچە ياۋا ئات كۆندۈرۈش، كۆپەيتىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ ۋە دالىدىكى تۈر توپى مىقدارى ئەڭ كۆپ».

مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى-يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇردى

## بازار ساھەسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

**مۇخبىرلىرىمىز ياڭ شۈخەن، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «قارا كۈچلەر بولسا قارا كۈچلەرنى تازىلاش، رەزىللىك بولسا رەزىللىكنى تۈگىتىش، قالايمىقانچىلىق بولسا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش» باش تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بازار زومىگەرلىرى، زورلاپ ئېلىپ سېتىش، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ياساپ سېتىش قاتارلىق قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى نۇقتىلىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بازار ساھەسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP




**ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يىللىق ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە تۇنجى ھۆددە ئايروپىلانىنى كۈتۈۋالدى**

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە تۇنجى ھۆددە ئايروپىلان —— «جېجياڭ· ئاقسۇ مەنزىرىسى» نامىلىق ئايروپىلان ئونسۇ ئايرودرومىغا قوندى، 110دىن ئارتۇق جېجياڭلىق ساياھەتچى ئونسۇدىكى تۆمۈر چوڭ جىلغىسى، باي قىزىل مىڭئۆيى، كۇچا ۋاڭ ئوردىسى، تەكلىماكان قۇملۇقى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە ئادىمىيەت مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

□ **يۈ لىيۇدۇڭ** فوتوسى

شىنجاڭ ياخشى جاي